# كەسكىن خىرىس ئالدىدا، ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بولغان قانۇنىيەتلىك تونۇشنى چوڭقۇر ئىگىلەيلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيەمىزنىڭ كەسكىن خىرىس ئالدىدا ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىنىڭ بەش جەھەتتىكى قانۇنىيەتلىك تونۇشنى چوڭقۇر خۇلاسىلىدى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارنى يېڭىپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشتا ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ يىل يېڭى جۇڭگو تارىخىدىكى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى. ئەسىر يۇقۇمى بىلەن 100 يىللىق ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى كىرىشىپ، خەلقئارا ئەندىزىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى تەتۈر ئېقىمغا ئۇچرىدى، بىر قىسىم دۆلەتلەردە يەككە تەرەپچىلىك، قورۇقچىلىق ئەۋج ئالدى، بىز بىر تېخىمۇ مۇقىمسىز، ئېنىقسىز دۇنيادا دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزلەۋاتىمىز. دۆلەت ئىچى تەرەققىيات مۇھىتىمۇ چوڭقۇر ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرمەكتە، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستىقبالى ياخشىلانماقتا، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى يەنىلا گەۋدىلىك، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا يەنە نۇرغۇن كەمتۈكلۈك، ئاجىز تۈرلەر بار. كەسكىن خىرىس ۋە ئېغىر، زور قىيىنچىلىق ئالدىدا، بىزنىڭ خەلق رازى بولغان، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان، تارىخ بېتىگە يېزىشقا بولىدىغان جاۋاب قەغىزىنى تاپشۇرالىشىمىزدىكى تۈپ سەۋەب يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئەمەلىيەت داۋامىدا كەسكىن خىرىس ئالدىدا ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بولغان قانۇنىيەتلىك تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرالىغانلىقىمىزدا.

مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى بۇ قانۇنىيەتلىك تونۇشلارنى يۈكسەك يىغىنچاقلىدى، بۇ: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى خەتەرلىك، قىيىن پەيتتە پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ تۈپ تايانچى، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش توغرا تاللاشنىڭ تۈپ ئالدىنقى شەرتى، تۈزۈم ئەۋزەللىكى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارنى ئورتاق يېڭىدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى، ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش ۋە ئىجادىي تاقابىل تۇرۇش كرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ تۈپ ئۇسۇلى، يەن ـ تېخنىكىدا ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تۈپ تىرىكى. بۇ «بەش تۈپ» يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگو ئىقتىسادىدىن ئىبارەت غايەت زور پاراخوتنى باشلاپ دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسىتىنى تولۇق نامايان قىلىپ بەردى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا سالماق تاقابىل تۇرۇشتىكى پىششىق ئىقتىدارىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى، ئۇ بىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىزدىكى مۇھىم تونۇش نەزەرىيەسى ۋە مېتودولوگىيە.

كەسكىن خىرىس ئالدىدا ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، جەزمەن باشتىن ـ ئاخىر «بەش تۈپ»تە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئەمەلىيەت شۇنى قايتا ئىسپاتلىدىكى، مۇھىم، زور تارىخىي پەيتتە، مۇھىم، زور سىناق ئالدىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارى، ھەرىكەت ئىقتىدارى ھەل قىلغۇچ رولغا ئىگە. خەلقنى باشتىن ـ ئاخىر كۆڭلىگە پۈكۈپ، خەلق مەنپەئىتىنى باشتىن ـ ئاخىر ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويغاندىلا، چوقۇم توغرا تەدبىر بەلگىلەپ، ئەڭ ئەۋزەل يولنى بېكىتىپ ھەم خەلققە تايىنىپ بارلىق جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇنى يەڭگىلى بولىدۇ. «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىدىغان تۈزۈم ئەۋزەللىكىدە چىڭ تۇرغاندىلا، چوقۇم پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىش، ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتىكى قۇدرەتلىك ئېنېرگىيەنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئۆزگىرىشنى توغرا تونۇپ، ئۆزگىرىشكە ئىلمىي ماسلىشىپ، ئۆزگىرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنتىلىپ، تەدبىر بەلگىلىگەندە ئىستراتېگىيەلىك پىلان تۈزۈپ قوماندانلىق قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرگەندە ماھىرلىق بىلەن قوماندانلىق قىلغاندىلا، چوقۇم زور خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش داۋامىدا چوڭ پۇرسەت ياراتقىلى بولىدۇ، باشتىن ـ ئاخىر يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرغىلى بولىدۇ. ئىلىم ـ پەن روھىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي قانۇنىيەتنى ئىگىلەپ، ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىشقا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولغاندىلا، چوقۇم دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ بىخەتەر، تېخىمۇ ئىشەنچلىك ئاساس ئۈستىگە قۇرغىلى بولىدۇ.

ھازىر، يۇقۇمنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تاشقى مۇھىتتا نۇرغۇن ئېنىقسىزلىق مەۋجۇت، كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىدە ۋەزىپە مۈشكۈل، ئېغىر. بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، چوقۇم غەلىبە قىلىدىغان ئىشەنچ بىلەن، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى مەھكەم ئىگىلەپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل ئەسلىگە كېلىشى ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، «14 ـ بەش يىل»نى ياخشى باشلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋالايلى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 2 ـ بەتتە)

ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، كاربون قويۇپ بېرىشنى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈش، كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك...

بۇ بىر قاتار نۇقتىلىق ۋەزىپىلەردە مەسىلە يۆنىلىشى ۋە نىشان يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇلدى.

گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىدە، يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە ئورۇنلاشتۇرما، ۋەزىپىلەرنى چۆرىدەپ بەس ـ بەستە سۆز قىلىپ، كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ نۇقتىلىق ۋەزىپىلىرىنى قانداق قىلىپ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي نۇقتىسىدىن كەڭ ـ كۇشادە پاراڭلاشتى، يىغىن مەيدانىنىڭ كەيپىياتى قىزغىن بولدى.

يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى ئىلمىي ئىگىلەش، تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر كۆزىتىش، تەرەققىيات نىشانىنى دەل جايىدا پىلانلاشنى نامايان قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلەپ، كېلەر يىلى يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتا «تۇنجى قەدەمنى ياخشى ئېلىپ، يېڭى كەيپىيات ھاسىل قىلىش»قا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

### ئوتتۇرا ئېقىمدا تۈۋرۈكتەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش

**—— ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، قەدەمنى بىردەك ئېلىپ، پارتىيەنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىگە بولغان ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلارنى ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئىزچىللاشتۇرۇش**

يېڭى مۇساپە ئېچىشتا كۈچلۈك دولقۇنغا تاقابىل تۇرۇپ، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن نېمىگە تايىنىش كېرەك؟

پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈپ كاپالىتى، بارلىق قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ ـ خەتەر ئۈستىدىن غالىب كېلىشتىكى «كۈچلۈك مۇقىملاشتۇرغۇچ».

باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ قېتىمقى يىغىندا مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا ئۇيغۇنلىشىش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتا، جەزمەن پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ قەدىمىنىڭ بىردەكلىكىنى ساقلاش كېرەك.

ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش پارتىيەمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىكى مۇھىم، زور ۋەزىپىسى.

«پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى كۈچلۈك دولقۇندا ئۇيۇل تاشتەك مەزمۇت» «قالتىس مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ئارقىسىدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بار، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە كۈچلۈك جەڭگىۋارلىق شەكىللەندى» «جۇڭگونىڭ ئىدارە قىلىنىشى»نىڭ روشەن ئەۋزەللىكى ئومۇمىيۈزلۈك نامايان قىلىندى»... يىغىن مەزگىلىدە «پارتىيەنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىگە بولغان ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش» ھەرقايسى گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىدە ئورتاق تونۇشقا ئايلاندى.

«14 ـ بەش يىل»غا نەزەر سالساق، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا نەزەر سالساق، بىز داۋاملىق جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئېھتىياجلىق. ۋەزىيەت قانچە مۇرەككەپ، ۋەزىپە قانچە مۈشكۈل بولغانسېرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىدىن ئىبارەت بۇ يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كومپاستىن، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەيدىغان يۆلەنچۈكتىن شۇنچە ئايرىلالمايمىز، پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە شۇنچە چىڭ تۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلەندى: «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى تولۇق قوزغاپ، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

پارتىيەنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىگە بولغان ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە، سىياسىي ئاڭنى كۈچەيتىپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈش كېرەك ——

بۇ قېتىمقى مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلەندى: «سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش يۈكسەكلىكىدىن ئىقتىساد خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىش» «ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى سىياسىي نەزەر بىلەن كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىشقا ماھىر بولۇش» «سىياسىي سەزگۈرلۈك ۋە سىياسىي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ سىياسىي ئاقىۋىتىنى كۆزىتىشكە ماھىر بولۇش» كېرەك.

ئورۇنلاشتۇرما قىلىش بىر ئۆلۈش بولسا، ئەمەلىيلەشتۈرۈش توققۇز ئۆلۈش بولىدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا قارىتا، قويۇپ بەرمەي چىڭ تۇتۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇش كېرەك، قۇرۇق شوئار توۋلاپ قويۇشقا، ئەمەلىيلەشتۈرمەسلىككە بولمايدۇ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىغا قارىتا، زۆرۈر بولغان نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش ـ يېتەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك، لېكىن مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى قېلىپلاشتۇرۇپ يولغا قويۇپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

پارتىيەنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىگە بولغان ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە، كەسپىلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىدىغان كەسپ ئەھلىلىرىگە ئايلىنىش كېرەك ——

ئىختىساسلىقلار توپلانسا پارتىيە گۈللىنىدۇ. پەن ـ تېخنىكا ئۆزگىرىشىنىڭ سۈرئىتى ناھايىتى تېز، ئىقتىساد، جەمئىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ مۇرەككەپلىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئاشتى، ئەگەر پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۆزگىرىش يۈزلىنىشى ئىگىلەنمىسە، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ساھەلەرنىڭ ئەھۋالى چۈشىنىلمىسە، ئاممىنىڭ ئارزۇسى ۋە ئىلتىماس ـ تەلەپنىڭ ئۆزگىرىشى ھېس قىلىنمىسا، ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى باشقۇرغىلى بولمايدۇ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغىمۇ رەھبەرلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

پارتىيەنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىگە بولغان ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە، تەرەققىيات ۋە بىخەتەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك ——

يېڭى مۇساپە ئېچىشتا، دۆلىتىمىز تەرەققىياتى خەۋپ ـ خەتەر ئاسان يۈز بېرىدىغان، كۆپ يۈزبېرىدىغان مەزگىلگە كىردى، تۈرلۈك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر ئۆزئارا گىرەلىشىپ كېتىدۇ، بىخەتەر تەرەققىياتتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى چىڭ تارتىش كېرەك.

ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى يېڭى خىرىسلار ئالدىدا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر چوڭ يۈزلىنىشنى دائىم كۆزىتىپ، چوڭ ۋەزىيەتنى دائىم كۆزدە تۇتۇپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇپ، كۆلپەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، «شامالغا قارشى كېمە ھەيدەش» ئىدىيە تەييارلىقى ۋە خىزمەت تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەپ، ھەل قىلغۇچ قەدەمنى ياخشى تاشلاپ، تەشەببۇسكارلىق جېڭىنى ياخشى قىلىشى كېرەك. بىر قىسىم نۇقتىلىق ساھەلەردىكى «كۈل رەڭ كەركىدان» «قارا قۇ» ۋەقەلىرىنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىپ، تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر يوشۇرۇن خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ۋە ئۇنى تۈگىتىدىغان «پولات ئىستىھكام»نى مۇستەھكەملىشى كېرەك.

بۇ يىلنىڭ ئاخىرى ۋە كېلەر يىلنىڭ بېشىدا، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» خىزمىتىنى قىلچە بوشاشتۇرماي ياخشى تۇتۇپ، قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈپ، كۆلەملىك سىرتتىن كىرىش ۋە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ يۈز بەرمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ «ئىككى بايرام»لىق بازار تەمىناتىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك...

جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى ياخشى قىلىشتا، ئاچقۇچ پارتىيەدە، ئاچقۇچ ئادەمدە.

يېڭى مۇساپىنىڭ يۈرۈش قىلىش سىگنالى چېلىندى. كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر، پۈتۈن پارتىيە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقىنىڭ قۇدرەتلىك ئۇلۇغ كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۆرەش قىلىشى كېرەك!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

## يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى مەركىزى قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش سىن يىغىنى ھەم باينغولىن ئوبلاستىدىكى نەق مەيدان يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلەندى

# يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى مەركىزى قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدا كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

**باينغولىن مۇخبىرلار پونكىتىدىن ياڭ شياۋدۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى مەركىزى قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش سىن يىغىنى ھەم باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى، بولۇپمۇ بۇلتۇردىن بۇيانقى يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى مەركىزى قۇرۇلۇشىنىڭ تەجرىبە، ئۇسۇللىرى ئۆگىنىلدى، ئالماشتۇرۇلدى، كېلەر يىللىق خىزمەت پىكىر يولى ۋە خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، نۇقتىدا سىناق قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كېڭەيتىش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى مەركىزى قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدا كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇندى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ كەنتلەرگە، ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈلۈشىگە، كىشىلەر قەلبىگە سىڭدۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى مەركىزى قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى مەركىزى(ئورنى، پونكىتى، نۇقتىسى)نى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئاممىۋى سۇپا ۋە مۇھىم بازىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. بەش چوڭ سۇپا، بولۇپمۇ نەزەرىيە سۇپىسىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى مەركىزى قۇرۇلۇشىنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى مۇھىم بازىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. ھەر مىللەت ئامما ئېھتىياجلىق بولغان تۈرلۈك مەنىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، ئاممىنى مەركەز، ئورۇن، پونكىت، نۇقتىلارغا كەڭ كۆلەمدە جەلپ قىلىپ، مەركەز، ئورۇن، پونكىت، نۇقتىلارنى ھەقىقىي تۈردە ئامما پائالىيەت قىلىدىغان بازىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئۆز يېرىنىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى مەركىزى بازىسىنى ياخشى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى مەركىزى، ئورنى، پونكىتى، نۇقتىسى قۇرۇلۇشىنى مەنىۋى مەدەنىيلىك بويىچە «بەش چوڭ بەرپا قىلىش» بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، «بەش چوڭ بەرپا قىلىش»نىڭ سۈپىتىنى ئاشۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ئاپتونوم رايون باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئالغا سىلجىتىشنى تۇتىدىغان، ناھىيە دەرىجىلىكلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتىدىغان رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ۋە خىزمەت مېخانىزمىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى قاتلاممۇ قاتلام چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، مەسىلە يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاساسىي تەلەپنى ئىگىلەپ، يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيىتى مەركىزى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ساھەسىدە «ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش، بىرنى ئاشكارىلاش» بويىچە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويدى. «ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش، بىرنى ئاشكارىلاش» بويىچە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش جەريانىدا، تەكشۈرۈش ئوبيېكتى ئىختىيارىي تاللاپ چىقىلىدۇ، قانۇن ئىجرا قىلىش، تەكشۈرۈش خادىملىرى ئىختىيارىي تاللاپ ئەۋەتىلىدۇ، ئايرىلاپ تەكشۈرۈش ئەھۋالى ھەم تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسى جەمئىيەتكە ۋاقتىدا ئاشكارىلىنىدۇ.

دۆلەت كارخانىلارنىڭ ئىناۋەت ئۇچۇرلىرىنى ئېلان قىلىش سىستېمىسى (شىنجاڭ)غا تايىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ساھەسىدە ئىختىيارىي ئايرىلاپ تەكشۈرۈشتە «بىر تىزىملىك، ئىككى ئامبار» («بىر تىزىملىك» «ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ساھەسىدىكى تارماقلارنىڭ ‹ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش، بىرنى ئاشكارىلاش›قا بىرلەشتۈرۈپ ئايرىلاپ تەكشۈرۈش ئىشلىرى تىزىملىكى»نى كۆرسىتىدۇ، «ئىككى ئامبار» تەكشۈرگۈچى خادىملار ئامبىرى ۋە تەكشۈرۈش ئوبيېكتلىرى ئامبىرىنى كۆرسىتىدۇ)نى قۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە «ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ‹ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش، بىرنى ئاشكارىلاش› بويىچە ئايرىلاپ تەكشۈرۈش خىزمىتى كۆرسەتمىسى»نى تۈزۈپ، پۈتۈن سىستېمىدا ئايرىلاپ تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش مەشغۇلاتى قوللانمىسىنى شەكىللەندۈردى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ساھەسىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردا «ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش، بىرنى ئاشكارىلاش» بويىچە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنىڭ تولۇق قاپلىنىشى ئىشقا ئاشۇردى. «ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش، بىرنى ئاشكارىلاش» بويىچە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئارقىلىق، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ بازار تىجارەت تەرتىپى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈش قېتىم سانى ئازايتىلىپ، تەكشۈرۈش جەريانى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈش نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بازار تەكشۈرۈش مەخسۇس خادىمى ۋاڭ جۇنكاڭ مۇنداق دېدى: «ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش، بىرنى ئاشكارىلاش» بويىچە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇشى بىلەن بىر قىسىم ساھەلەردە ساقلىنىۋاتقان قانۇن ئىجرا قىلىشتا خەلقنى پاراكەندە قىلىش، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلماسلىق، قانۇن ئىجرا قىلىش قاتتىق بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر ھەل قىلىندى، ئىلمىي، ئۈنۈملۈك «باشقۇرۇش» ئارقىلىق تېخىمۇ زور سالماقتىكى «قويۇپ بېرىش»نى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئادىل رىقابەتلىشىدىغان بازار مۇھىتى ۋە قانۇنچىللاشقان، قولايلاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتى كۈچەپ بەرپا قىلىندى.

ۋاڭ جۇنكاڭ مۇنداق بىلدۈردى: كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ساھەسىدىكى ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار سىجىل كۈچەپ، «ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش، بىرنى ئاشكارىلاش» بويىچە ئايرىلاپ تەكشۈرۈشنى دائىملاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاش ـ ئاگاھلاندۇرۇش سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىپ، تۈزۈلمىسى تېخىمۇ پىششىق يېتىلگەن، ئىختىيارىيلىقى تېخىمۇ قېلىپلاشقان بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.